# ئويۇنچۇق ئۆي



غۇنچىلار

مه نبه: قصص و حكايات بالعربي

باتۇر قورسىقىنىڭ بەكمۇ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەسىر نامىزىنى تۈگىتىپلا، شام نامىزىغا ئەزان چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى.



ئۇ خىلمۇخىل يېمەك-ئىچمەكلەرنى خىيال قىلغىلى تۇردى. ئاغزىدا ئازراق نەملىكمۇ قالمىغانلىقىنى ۋە قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، سائەتكە يەنە بىر قېتىم قارىدى. سائەتنىڭ ئىسترېلكىسى ئىنتايىن ئاستا چۆرگىلەۋاتاتتى.



— باتۇر! غەيرەتلىك بول بالام، ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدىڭ، روزا تۇتۇشقا ئادەتلەن. سائەتكە قاراۋەرمەي، ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بول —، دېدى دادىسى ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن.



باتۇر ھۇجرىسىغا كىرىپ دادىسىنىڭ سۆزى ھەققىدە ئويلاندى. توغرا، ئۇ ئەھمىيەتلىك ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما زادى نېمە قىلىشى كېرەك؟



ئۇ دەرھال تېخى پۈتكۈزۈپ بولالمىغان بىر ئىشنى ئەسلىدى-دە، بازاردىن سېتىۋالغان رەڭلىك كارتون قەغەز، چاپلىغۇچ ۋە قىزىل رەڭلىك چاقلارنى ئالدى ۋە بىر قانچە ئايدىن بېرى سىڭلىسىغا ۋەدە قىلغان ئويۇنچۇق ئۆينى ياساشقا كىرىشىپ كەتتى.



ئۇ ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈۋاتقانلىقى، ئويۇنچۇق ئۆينىڭ ياسىغانسېرى چىرايلىق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىپتاردا سىڭلىسىنى خۇشال قىلىۋەتمەكچى بولدى، پېشانىسىدىن تەرلەر ئېقىپ ۋاقىت يەتمەيلا قىلىۋاتاتتى، بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، شام نامىزىنىڭ ئەزىنى بىلەن تەڭ ئاخىرقى قەغەزنى بىكىتتى.



ئويۇنچۇق ئۆينى كۆرۈپ خۇشاللىقتا چۆمگەن قىزنى كۆرۈپ، دادىسى تەبەسسۇم قىلدى.

ــ دادا! مەن رامىزاننىڭ ھەربىر كۈنىدە يېڭى بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولىمەن، ــ دېدى باتۇر دادىسىغا.



— ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانساق، نېمىدېگەن ياخشى
- ھە! شۇنداق قىلساق، ئېپتار ۋاقتىنى ساقلاپ زېرىكىپ كەتمەيمىز. رامىزان ھۇرۇنلۇق ئېيى ئەمەس، ئەمەل-ئىبادەت ئېيىدۇر، — دېدى دادىسى باتۇرغا.

